# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 6 - ئاي
5
جۈمە
维吾尔文 6 月5日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W
新疆日报网: www.xjdaily.com

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  25083 - سان  بۈگۈن 4 بەت


## ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرەيلى

### — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇتەخەسسىس، ئالىملار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئالدىنى ئېلىش ئەڭ تېجەشلىك، ئەڭ ئۈنۈملۈك ساغلاملىق تەدبىرى. كۈچلۈك ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئالدىنى ئېلىش ئاساس قىلىنغان سەھىيە - ساغلاملىق خىزمەت فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بوشاشماي دائىم تەييار تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا.

6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇتەخەسسىس، ئالىملار سۆھبەت يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، كۈچلۈك ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئالدىن سىگنال بېرىش، ئاۋاز قوشۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، مۇداپىئە تورىنى زىچ توقۇپ، ئايرىش تېمىنى مۇستەھكەملىگەن - پۈختىلىغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي تۈردە خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدىغانلىقىنى؛

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

2019 - يىللىق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئەھۋالى ئاخباراتىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكىللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە باسقۇچلۇق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى

**شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى شىڭ خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى ئېلان قىلغان 2019 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئەھۋالى ئاخباراتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتى سىجىل ياخشىلانغان.

2019 - يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار شى جىنپىڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار - مۇزلۇقنىڭ ئۆزىمۇ بىر بايلىق» دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مۇھىت سۈپىتىنى ياخشىلاشنى يادرو قىلىپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشنى ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى قىلىپ، گەۋدىلىك مۇھىت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مەركەزنىڭ مۇھىت ئاسراش بويىچە نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشىدىكى قايتىما ئىنكاس پىكىرگە ئاساسەن تۈزىتىشنى پۇرسەت، دەپ بىلىپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭى ۋە يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ئۈنۈمۈلۈك ئۈچ يىللىق ھەرىكەت قاتارلىق تۈزەش مەيدان جەڭلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆزلۈك قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە باسقۇچلۇق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

2019 - يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت، ھاۋا سۈپىتى ئومۇمىي جەھەتتىن سەل ياخشىلانغان، دەريا ئېقىنلىرى ۋە شەھەر - بازارلاردىكى مەركەزلەشتۈرۈش شەكلىدىكى ئىچىدىغان سۇ مەنبەسىنىڭ سۇ سۈپىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ئەلا بولغان، كۆل، ئامبارلارنىڭ سۇ سۈپىتى يېنىك دەرىجىدە بۇلغانغان، تۇپراق مۇھىتى سۈپىتىدە ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىملىق ساقلانغان، شەھەرنىڭ ئاۋاز مۇھىتى سۈپىتى بىرقەدەر ياخشى بولغان، رادىياتسىيە مۇھىتى سۈپىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى بولغان، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتى ئۆزلۈكسىز ياخشىلانغان، مۇھىت خەۋپ - خەتىرى ۋەزىيىتىدە مۇقىملىق ساقلانغان. خىمىيەلىك ئايرىۋېلىك مىقدارى، ئاممىياكلىق ئازوت، گۈڭگۈرت (Ⅳ) ئوكسىد، ئازوت ئوكسىدنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



**سۇلۇق يەر باغچىسىنىڭ ئېكولوگىيەسى گۈزەل**

لوپنۇر ناھىيەسىدىكى لوپنۇر دۆلەت دەرىجىلىك سۇلۇق يەر باغچىسى (6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان). تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىنىڭ لوپنۇر بۆلىكىگە جايلاشقان لوپنۇر دۆلەت دەرىجىلىك سۇلۇق يەر باغچىسى يېشىللىققا پۈركەندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تارىم دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ ئۆزلۈكسىز ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن ياۋايى ھايۋانلار بۇ جايدا ياشايدىغان، كۆپىيىدىغان بولدى. □ لى فېي فوتوسى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ داۋالاش - سەھىيە سىستېمىسىدىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇتەخەسسىس، ئالىملار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى ——

## خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىنى قوغدايمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

ئۇدا نەچچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ داۋالاش - سەھىيە سىستېمىسىدىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مۇتەخەسسىس، ئالىملار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىنى قوغدايمىز.

**خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىقىنى قوغدايمىز**

«جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جۇڭيى تېبابىتى دوختۇرخانىلىرىنىڭ جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋە قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىدىن مەن مەسئۇلىيىتىمنىڭ ئېغىر، زورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.» شىنجاڭ تېببىي داشۆ قارىمىقىدىكى جۇڭيى تېبابىتى دوختۇرخانىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى جاڭ شىڭپىڭ مۇنداق دېدى: جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈش، جۇڭيى دورىلىرى بىلەن غەرب تېبابىتى دورىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىدە جەۋھەرگە ۋارىسلىق قىلىش، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى. جۇڭگوچە ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتا، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق، بۇنىڭدىن كېيىن بىز نۇقتىلىق پەنلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تېخىمۇ جەھەتتە قاتتىق سىناقتىن ئۆتەلەيدىغان جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى بويىچە داۋالاش - پەرۋىش قىلىش ئەترىتىنى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىنى قوغدايمىز.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق تەجرىبىخانىدىن 33ى يېڭىدىن كۆپەيدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شىيې خۇيبىيەن** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، «شىنجاڭ قاتتىق ھالەت فىزىكىسى ۋە ئۈسكۈنىلىرى نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسى» «شىنجاڭ گېئولوگىيەلىك ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسى» قاتارلىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 33 نۇقتىلىق تەجرىبىخانا بېكىتىشتىن ئۆتتى. ھازىرغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق تەجرىبىخانا 86 گە يەتتى، دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق تەجرىبىخانىدىن ئىككىسى بار.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايون ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئاچتى

## بۇ يىل ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ۋەزىيىتىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرما، تەلەپلىرى چوڭقۇر ئۆگىنىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنىپ، تەدبىرلەر تەتقىق قىلىنىپ، ۋەزىپىلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

**ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل**

## ئابدۇرېھىم بىلىمنىڭ كۈچىنى ھېس قىلدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز
سۈي يۈنيەن، لى شىڭ

4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مۇخبىرلار ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ ئارال بازىرىدىكى دېھقان ئابدۇرېھىم تۇنىيازنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچكە تولغان ئىگىلىك تىكلەش كەچۈرمىشى، كۈندىن - كۈنگە يۈكسىلىۋاتقان ياخشى كۈنلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئاڭلىدى.

«مېنىڭچە ئۆزۈمدىكى ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش بىلىمگە تۇتقان پوزىتسىيە بولدى. كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسىگە قاتنىشىش ئارقىلىق، بىلىمنىڭ كىشىلىك ھاياتنى ئۆزگەرتىدىغان مۇھىم كۈچ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم» دېدى ئابدۇرېھىم.

**تۇرمۇش، كەسپتە تەڭ روناق تېپىش**

ئابدۇرېھىمنىڭ ئۆيى 100 كىۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ، مۇخبىرلار ئىشىكتىن كىرىشىگىلا ياۋروپاچە ھەشەمەتلىك بېزىلىش ئۇسلۇبى دىققىتىنى تارتتى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

**ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۆرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى**

## ئاپتونوم رايونىمىز ئالتە تۈرلۈك ھەرىكەتنى يولغا قويۇپ، سانائەتنىڭ يېشىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا «2020 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت يېشىل تەرەققىياتى ھەرىكەت لايىھەسى» بېسىپ تارقىتىلغان. «لايىھە» دە: بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز ئالتە تۈرلۈك ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇپ، سانائەتنىڭ يېشىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز يېشىل لايىھەلەش، يېشىل تېخنىكا ۋە ھۈنەر - سەنئەت، يېشىل ئىشلەپچىقىرىش، يېشىل باشقۇرۇش، يېشىل تەمىنلەش زەنجىرى قۇرۇلۇشىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، يېشىل تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مەھسۇلاتنىڭ پۈتۈن ھاياتلىق دەۋرىيلىكىگە سىڭدۈرۈپ، مۇھىت تەسىرى ئەڭ كىچىك، بايلىق ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى، ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە بولىدىغان، ھەم ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە بولىدىغان سانائەت يېشىل تەرەققىيات ئەندىزىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، باھانى مۇقىملاشتۇرۇش «بىرىكمە مۇشت»ى كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك بولدى

**كۆمۈر، توك، ماي، گاز ئىشلىتىش كاپالەتكە ئىگە قىلىندى، ئاشلىق، ياغ بازىرىدا تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج كەڭرى بولدى، كۆكتات، گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم، سۈت ۋە زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى تەمىناتى يېتەرلىك بولدى**

**تونۇشلۇق ئېلان قىلىش**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىنلىڭ** 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايوننىڭ تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ باھانى مۇقىملاشتۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش باھانى مۇقىملاشتۇرۇش تەدبىرى «بىرىكمە مۇشت»نى ئېتىپ، بۇ يىل ئالدىنقى بەش ئايدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ كۆمۈر، توك، ماي، گاز ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىنغان، ئاشلىق، ياغ بازىرىدا تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج كەڭرى بولغان، كۆكتات، گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم، سۈت، ۋە زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى تەمىناتى ئومۇمىي جەھەتتىن يېتەرلىك بولغان.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى جاڭچىڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## جەنۇبىي شىنجاڭدا بۇغداي ئورمىسى كەينى - كەينىدىن باشلاندى  پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يازلىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشتىن ئۈمىد بار

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ يىنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك - يېزا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يازلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى ساقلانغان، بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى ئۆتكەن يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئازراق ئاشقان، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا بۇغداينىڭ ئۆسۈش ۋەزىيىتى ياخشى بولغان ھەم ئورما كەينى - كەينىدىن باشلانغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشتىن ئۈمىد بار ئىكەن.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى كەلتۈرۈپ چىقارغان پايدىسىز تەسىرنى تىرىشىپ يېڭىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئەتىياز پەسىللىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىككىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك، قوش غەلىبە قىلىش خىزمەت تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)